# ئاللاھ سىلەرنى چەكلىگەن بۇ شەرمەندىچىلىكتىن يىراق بولۇڭلار، كىم قىلىپ سالسا، ئاللاھ يوشۇرغاننى يوشۇرۇپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن، كىم يولدىن چىقسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئىجرا قىلىمىز

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلەم قەبىلىسىلىك كىشىنى چالما-كېسەك قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرنى چەكلىگەن بۇ شەرمەندىچىلىكتىن يىراق بولۇڭلار، كىم قىلىپ سالسا، ئاللاھ يوشۇرغاننى يوشۇرۇپ ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن، كىم يولدىن چىقسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئىجرا قىلىمىز»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بەيھەقى"شۆئەبىل ئىمان"(ئىمان شاخچىلىرى)ناملىق ئەسىرىدە] [رىۋايەت قىلغان - ھاكىم "مۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

بۇ ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان مائىز ئىبنى مالىك دېگەن كىشىنى چالما-كېسەك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى زىنادىن ئىبارەت بۇ پاھىشە ئىشنى سادىر قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە قىلىپ سالغان كىشىنىڭ قىلمىشىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۆزىنى رەسۋا قىلماستىن بەلكى ئاللاھ يوشۇرغان ئىكەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ، تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك، ئاللاھ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ ئۆز قىلمىشىنى ھاكىمغا مەلۇم قىلغىنىدىن ياخشىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۆزىنىڭ قىلغان ناچار قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىغان كىشىگە ئاللاھ ئۆز كىتابىدا بەلگىلىگەن جازانى ئىجرا قىلىدىغانلىقى خەۋەر بەرگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58240